# ھەقىقەتەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەر پەرز نامازدىن

مۇغىرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كاتىپى ۋەرراد مۇنداق دەيدۇ: مۇغىرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇغا ئەۋەتىدىغان خەتتىي ماڭا يازدۇردى: «ھەقىقەتەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەر پەرز نامازدىن كېيىن مۇنداق دەيتتى:«لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ، وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ، اللَّهُمَّ لَا مَانِعَ لِمَا أَعْطَيْتَ، وَلَا مُعْطِيَ لِمَا مَنَعْتَ، وَلَا يَنْفَعُ ذَا الْجَدِّ مِنْكَ الْجَدُّ»تەرجىمىسى: «ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوقتۇر، ئاللاھ يەككە يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە گۈزەل مەدھىيلەر ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر. ئى ئاللاھ! سىلە بىر نەرسە ئاتا قىلسىلا ئۇنى چەكلىگۈچى يوق، سىلە چەكلىسىلە ئۇنى ئاتا قىلغۇچى يوقتۇر، سىلىنىڭ كاتتىلىقلىرى ئالدىدا باشقىلارنىڭ كاتتىلىقىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ».

[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەر پەرز نامازدىن كېيىن:«لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ، وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ، اللَّهُمَّ لَا مَانِعَ لِمَا أَعْطَيْتَ، وَلَا مُعْطِيَ لِمَا مَنَعْتَ، وَلَا يَنْفَعُ ذَا الْجَدِّ مِنْكَ الْجَدُّ» تەرجىمىسى: «ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوقتۇر، ئاللاھ يەككە يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە گۈزەل مەدھىيلەر ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر. ئى ئاللاھ! سىلە بىر نەرسە ئاتا قىلسىلا ئۇنى چەكلىگۈچى يوق، سىلە چەكلىسىلە ئۇنى ئاتا قىلغۇچى يوق، سىلىنىڭ كاتتىلىقلىرى ئالدىدا باشقىلارنىڭ كاتتىلىقىنىڭ ياكى بايلىقىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ»دەيتتى. يەنى: ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوق دېگەن تەۋھىد كەلىمىسىنى ئىقرار قىلىمەن ۋە ئېتىراپ قىلىمەن. ھەقىقى ئىبادەتنى ئاللاھ ئۈچۈن ئىسپاتلايمەن ۋە ئاللاھدىن باشقا باتىللاردىن چەكلەيمەن. ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوق، ھەقىقى تولۇق مۈلكىيەت - ئىگىدارچىلىقنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىمەن. ئاسمانلار ۋە زېمىنلەردىكى بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر ئاللاھقا مەنسۇپتۇر، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر. ئاللاھ تائالا تەقدىر قىلغان-بېكىتكەن ئاتا-ئېھسانىنى چەكلىگۈچى ۋە رەت قىلغۇچى يوق، ئاللاھنىڭ كاتتىلىقى ئالدىدا باشقىلارنىڭ كاتتىلىقى ياكى بايلىقىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ، ھەقىقەتەن پايدىسى بولىدىغىنى ياخشى ئەمەلدۇر.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/65102

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee